# شەرقی تۈرکستان ئاۋازی



BM.Habitat-II Konfernsı Taşkışla Sergi alanında İşgalcı
Kızıl Çin Protesto edildi. 13.6.1996







BM.Habitat-II Bölgesinde açılan Doğu Türkistan Sergisi

BM.Habitat-II Konfernsı Taşkışla Sergi alanında İşgalcı Kızıl Çin Protesto edildi.

# مۇندەرىجە

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا

تەرجىمان مۇجاھىد تۈركىستاننىڭ ۋەكىلى

سىزنىڭ ئىنسانىي ھەقلىرىمىز قايەردە.

ۋەتەندىن كەلگەن ئاۋازىمىز ...

شەرقىي تۈركىستاندا يەنە

دەھشەتلىك تۇتقۇن باشلاندى

شەرقىي تۈركىستاندىكى قوراللىق قوزغىلاڭ

خىتاي بىلەن روسىيە ئىتتىپاقلار

13 ياشلىق شەھىتىمىز

غەربىي كۆچمەندىكى قوراللىق

توقۇنۇش

شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىق تۇغۇتقا

بولغان ئازارلىق

ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالى ئەھمەتنىڭ

بايانلىرى

قىسقا خەۋەرلەر


ئىدارە ئادرېسى

مىللەت جاددەسى كۆچۈكساراي ئاپارتمان

26/3 - 34270 ئاقساراي - ئىستانبۇل

تېلېفون: (0212) 521 6002

فاكس: (0212) 534 8067


ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاستۇر. ماقالىلارنى دۇنيادىكى گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كۆچۈرۈپ بېسىشى، پايدىلىنىشى تىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ.


شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

ئۈچ ئايلىق ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى

1996-يىل مارت 48-سان 13-يىل

تۈركچىسى

ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىن

ئىمتىياز ساھىبى

شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى نامىدىن

م. رىزا بېكىن

شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى باشلىقى

يېزىقچىلىق مۇدىرى

ھامىت گۆكتۈرك

مەسئۇل مۇھەررىر

دوچېنت دوكتور ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

پروفېسسور مەھمەت ساراي

دوختۇر ياقۇپ بۇغرا

دوچېنت دوكتور [illegible] ئىلمىرى

ھامىت گۆكتۈرك

دوچېنت ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

يىللىق باھاسى تۈركىيەدە 300 مىڭ لىرا

چەتئەللەردە 50 مارك 25 دوللار

[illegible]

[illegible]

832-6-01 [illegible]

# ئۈرۈمچى كوچىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش

1996 - يىل ،، - ئاينىڭ : - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى ئازاتلىق يولى شەھەرلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچا ئىچىدە بىر مەيدان قوراللىق توقۇنۇش چىقتى. خىتاي ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كىچىدە مەھەللىدىكى بىر ئۆينى قورشىۋېلىپ ، نامى ئاشكارىلانمىغان يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزالىرىنى تۇتماقچى بولغاندا توپلانغان ئۇيغۇر ياشلىرى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئىككى خىتاي ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بىرنەچچە سائەت داۋام قىلغان شىددەتلىك ئېتىشىشتا ھەر ئىككى تەرەپتە زامانىۋى قوراللارنىڭ ئاۋازى توختىمىدى. ئاخىرىدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئىككى ئۇيغۇر يىگىتى شېھىد بولدى. باشتا بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ بىلىگىگە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئوقى تەگدى. يارىدار بولغان قىساسچىلار خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. ئۆلتۈرۈشتىن كېيىن تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇنغان رەھبەرلىرىدىن ھىساپلانغان ، ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق قورپانلىق ئابدۇرېھىم ئىسىملىك يىگىت ئۈرۈمچى خىمىيە زاۋۇدى ئائىلىلىكلەر رايونىدىكى يوشۇرۇنغان ئۆيىدىن يۈزدەك خىتاي ئەسكىرىنىڭ قوراللىق قورشاۋى ئىچىدە قولغا ئېلىندى. خىتاينىڭ جازا ئورگانلىرى تەشكىلاتنىڭ باشقا ئەزالىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلارنى كېچە - كۈندۈز دەھشەتلىك قىيىن - قىستاق بىلەن سوراق قىلماقتا.

## قىسقا خەبەرلەر

بۇ يىل بەشىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن قىرىقتىن ئارتۇق كىشى تۆت تىك ئۇچار ئايروپىلان ، بەش ئاپتوموبىل ، ئوتتۇز توگە بىلەن تەكلىماكان چۆللىكىگە كىرىپ قوراللىق ئوروش قىلىپ يوشۇرۇنغان ئۇيغۇر ياشلارنى تۇتماقچى بولغان. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بەش نەپەر ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ ئاران قېچىپ چىققان.

بۇ يىل ئون ئىككىنچى مارت كۈنى شەرقى تۈركىستاننىڭ قورچاق رەئىسى ئابدۇلئەھەت ئابدۇرىشىت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى باش قوماندانى جاڭ ئون نەچچە كىشى بىلەن ئۈچىنچى دىۋىزىيە ئالتىنچى پولكىغا زىيارەتكە كەلگەندە ئۇلار ئۆتمەكچى بولغان چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇددەتلىك بومبا يېرىم سائەت ئىلگىرى پارتلاپ باشقا بىر خىتاي ئۆلگەن. ساق قالغان ئەمەلدارلار دەرھال قېچىپ كەتكەن.

بۇ يىل تۆتىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت پونكىتى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىلگەن.

بۇ يىل بىرىنچى ماي كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى تاملارغا ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن « خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن » ، « يوقالسۇن كوممۇنىست دىكتاتورىسى » ، « ياشىسۇن چىچەنىستان ئىنقىلاۋى » دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار چاپلانغان. كىچىدە ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ تۇتماقچى بولۇپ كەلگەن ئىككى ساقچى ئۆلگىچە تاياق يەپ ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغان. ھۆكۈمەت شوئار چاپلىغانلارنى ئىزدەپ قاتتىق سۈرۈشتە قىلماقتا.

# ب د ت دا شەرقىي تۈركىستان كۆرگەزمىسى

خابىتات ب د ت كۆرگەزمە بىناسى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان كۆرگەزمە بۆلۈمى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆركەم كىيىم كېچەكلىرى، رەڭدار دوپپىلىرى، تارىخىي مۇزىكىلىرى ۋە تاغ-دەريا، گۈزەل مەنزىرە، ئىچىنىشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملىرى يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە مۇخبىرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ھەر كۈنى سوتكىلاپ ئوچۇق بولغان بۇ كۆرگەزمىدە چۈشەندۈرگۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ئورنىنى، تارىخى كەچمىشىنى ۋە كەلگۈسى مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى كۆپچىلىككە ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە ئەرەپ تىللىرىدا ئاڭلاتتى. تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تارقاتتى. كۆرگەزمە بۆلۈمىمىزدە ب د ت ۋەكىللىرىنى، دۇنيا خەلقىنى ھەتتا بىتەرەپ مۇخبىرلارنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان ئاجايىپ مەنزىرە بارلىققا كەلدى. كىشىلەر كۆرەتتى، ئوقۇيتتى، سورايتتى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى ھەرخىل ئۇسۇلدا ئىپادە قىلاتتى. پەقەت جىدەل چىقىرىش نىيىتىدە كەلگەن خىتاي ۋەكىللىرى مۇخبىرلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ، تۇرالماي قېچىپ كېتىشتى. ئەتىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرگەزمە بۆلۈمى كوممۆنىستلارغا قارشى شۇئار، لوزۇنكىلارغا توشۇپ كەتتى. نامەلۇم كىشىلەر ئۇلارنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇلار شۇ قورقۇپ كەتكىنىچە، ب د ت كۆرگەزمە بۆلۈمىنى تاشلاپ ئاخىرىغىچە يېقىن كەلمىدى. ۋەكىللىرىنى سودا-سېتىق، تاماشاغا قويۇپ بەردى. شۇ كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلدىكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا خىتاي زۇلمىغا قارشى پىلاكاتلارنى چاپلىدى. ب د ت مەركىزى رايونىغا خىتاينىڭ ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى چەمبىرەك قويدى.

# ب د ت رايونىدىكى ھەيۋەتلىك نامايىش

سەككىزىنچى ئىيون كۈنى ئىستانبۇلدىكى مىڭدىن ئارتۇق شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇر- قازاق، ئەر- ئايال، قېرى- ياش كۆچمەنلەر مىللى كىيىملىرىنى كىيىپ يۈزگە يېقىن ئاپتوۋۇز، مىنىبۇس ۋە كىچىك ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، زەيتىنبۇرنىدىن تاكسىم خەلق مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاييۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، رەسىم، پىلاكاتلار بىلەن بېزەلگەن ھەيۋەتلىك ماشىنىلار ئەترىدى بىر نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سەپ تارتىپ يولغا چىققاندا ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. يۈزلەرچە قاتناش ساقچىسى ھۆرمەت سالىمى بىلەن كوچا قاتنىشىنى تەرتىپكە سالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلق نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ شوئار توۋلىدى. نامايىشچىلار تاكسىم مەيدانىغا كەلگەندە ماشىنىلىرىنى قويۇپ، رەتلىك تىزىلىپ بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، ب د ت خابىتات رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. يۈزلەرچە بايراق كۆتەرگەن ياشلارنىڭ ئۇچىسىدىكى " شەرقى تۈركىستانغا ھۆرىيەت " دېگەن ئىنگلىزچە، تۈركچە خەت يېزىلغان، كۆك بايراق رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مايكا ھەممىنى ھاياجانلاندۇردى. كۆپچىلىك شوئار توۋلايتتى، بايراق لەپىلدىتەتتى، كىتاب ژورنال تارقىتاتتى، بۇچاغدا پۈتۈن ب د ت رايونى شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئىلكىدە جانلىنىپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ نامايىش قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلمىگەن بۇ رايوندا شەرقى تۈركىستانلىقلار يېغىن زالىغا مىڭىش باھانىسىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. بۇ نامايىشنى تۈركىيە ۋە چەتئەل تىلۋىزىيونلىرى نەق مەيداندىن كۆرسىتىپ تۇردى.

بۈگۈنى ب د ت خابىتات سېكرېتارلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىستانبۇل تېخنىك ئۇنىۋېرسىتى ماچكا بۆلۈمىدىكى گ يىغىن زالىدا "شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى" مەزمۇنىدا يىغىن ئېچىلماقچى ئىدى. نامايىشچى شەرقىي تۈركىستانلىقلار غەزەپ بىلەن شۇئار توۋلاپ يىغىن مەيدانىغا كىردى. يىغىندا "شەرقىي تۈركىستان مەملىكەت دوكلادى" ئوقۇلدى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۈگۈنكى مەسىلىرى سۆزلەندى، "خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق باياناتى" ئېلان قىلىندى.

كەچ سائەت يەتتىلەردە يىغىندىن چىققان شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر يەنە شۇئار توۋلاپ نامايىش قىلىپ تاكسىم مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خابىتاتقا تەييارلانغان ئۇچۇق مەيدان سەھنىسى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇرغان سەھنىدە ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى ئويۇن قويدى. مىللىتىمىزنىڭ دەردىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەربىر سەنئەت نومۇرى ئارىلىقىدا ئويۇن باشقۇرغۇچى پورسەتنى قولدىن بەرمەي بىرنەچچە مىڭ تاماشىبىنغا

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلاتتى. پائالىيەت داۋامىدا قوللىرىدا پۇتلىرىدا كىشەن، زەنجىر، بويۇنلىرىدا تاقاق، يۈز- كۆزى قىزىل قانغا بويالغان ئون نەچچە ياش ۋەتەندىكى خىتاي زۇلمىنى سىمۋول قىلغان ھالدا مەيداننى توختىماي ئايلىنىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

ئۇمۇمەن بۈگۈن، ئىستانبۇل شەھىرى ب د ت رايونى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيىتى باشقۇرۇشىدا بولدى.

## ب د ت رايونىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش

ئونىنچى ئىيۇن كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ سائەت تۆتكىچە دەر ئىستانبۇل ئىستىقلال كوچىسىدىكى مۇئەممەر قاراجا تىياتىرخانى- سىنىڭ زالىدا شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ۋە سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا دۇنيا جامائىتىگە شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى سىياسى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى. تى- بەت ۋەكىللەر ئۆمىگىمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ باشچىلىقىدا يىغىنىمىزغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى ھەمدە ئالتە مىليون تىبەت خەلقى- نىڭ شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئارقىسىدا دائىم تەييار ئىكەنلىگى- نى بىلدۈردى. يىغىندىن كېيىن كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى.

ئون بىرىنچى كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئۈچ ئوق رادىئوسىدا دۇنياغا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاتوم يادرو سىنىقىغا قارشى نارازىلىق نوتۇقى سۆزلەندى.

ئون ئىككىنچى كۈنى ب د ت خابىتات رايونى مەركىزى باغچى- سىدا دۇنيا ئەللىرى ۋەكىللىرى قاتناشقان ھالدا خىتاي كوممۇنىست فاشىزىمىغا قارشى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ شكايەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇزدەك شەرقى تۈركىستانلىق، تىبەتلىك ۋە چەتئەللىك ئۈچىسىغا شوئارلار يېزىلغان ئاق كېپەن كىيىپ، خەلق ئالدىدا مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، شەرقى تۈركىستانلىق ئاياللار، باللار توپلۇشۇپ خىتاي كونسۇل- خانىسى ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنى لەنەتلىدى ۋە نارازىلىق بايانا- تى تاپشۇردى. خىتايلار قورقۇپ بىنا سىرتىغا چىقالمىدى.

ئون ئۈچىنچى كۈنى ب د ت خابىتات قارمىغىدىكى "ئاتومغا دىققەت" گۇرۇپپىسى ئىككى نەپەر شەرقى تۈركىستانلىقمۇ قات- ناشقان خەلقئارالىق ئاممىۋى سوت مەھكىمىسى قۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىمۇۋوللۇق سوت قىلدى.

# قەھرىمان مۇجاھىد ئىدرىسخاننىڭ ۋەسىيىتى

## (قولىيازمىسىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلدى)

ئەسسالام پۈتۈن ئائىلەمدىكى ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قەۋمى ـ قېرىنداش، بالا ـ چاقا، دوست بۇرادەرلىرىم ... ! ئەسسالام مېنى ئۆستۈرگەن گۈزەل يېزام، ئەسسالام ماڭا مەرىپەت ۋە ئىلمى ھەقىقەت تەلىم بەرگەن ئاق كۆڭۈل قەدىردان ئۇستازلىرىم! ئەسسالام، يۈرەك باغرىمدىن يالقۇن بولۇپ پارتىلىغان ھارارەتلىك سالام! ئەي قەدىردان سۆيۈملۈك جامائەتىم، مەن سىلەرگە ئازۇك سېغىنىش ھېسسىياتىمنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ سىلەر بىلەن قەغەز ـ قەلەم ئارقىلىق شىرىن سۆھبەت قۇرۇپ، ئۆزەمگە ئۈمىت، سىلەرگە تەسەللى بولغۇسى دېگەن ئارزۇدا بۇ ئاق بەتلەرنى سىيا بوياپ تۇرۇپتىمەن. بەلكىم بۇ مەن ئويلىغاندەك خەيرلىك ئىش بولار ....

ئەزىز ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مەن سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم. سىلەرمۇ بەلكى مېنى ئەلۋەتتە ماڭا ئوخشاش بەلكىم مەندىنمۇ بەكرەك سېغىنغانسىلەر. بۇ بىر مۇقەررەرلىك، چۈنكى ھەر ئىنساننىڭ قەدرى ئايرىلغاندا تېخىمۇ بىلىنىدۇ. بىز دىدار كۆرۈشۈپ تۇرغاندىمۇ ئوتتۇرىمىزدىكى مېھرى مۇھەببەت ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى. مانا كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ئىككى يىل بولاي دېدى. ھەممىمىز بىر قۇتۇپتا ياشاپ تۇرۇپ ئىككى يىلغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە كۆرۈشۈشكە مۇمكىن بولمىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ـ پەريات ئۇرۇپ دۈشمەنلىرىمدىن شىكايەت قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۆلىگەن ئەرزىمەس بەدەل. سىلەرنىڭمۇ بۇنداق ئايرىلىپ ياشاش ۋە باشقا قىسمەتلەرگە نىسپەتەن ئارتۇقچە بىئارام بولماسلىقىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

ھايات ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەت. لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى زادى نەدە؟ ياشاشنىڭ ئۆزىلا قىممەتلىك دەپ بىلىش بەكمۇ گۇدەكلىك، دەرۋە ئۇنىڭ قەقىممەتلىكى ۋە ئەرزىمەسلىكىمۇ ئەڭمەۋجۇت، ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ياكى ئەڭ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغىنى يەنىلا ئادەمنىڭ ئۆزى. دېمەك بىز يورۇغلۇق ئالەمگە كۆز ئاچقان ئىكەنمىز، بىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز، ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقباللىمىزنى بەرپا قىلىشىمىز لازىمكى، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئەرزىمەس نەرسىگە كىشىلىك ئاقىبەتنىڭ سەۋەپچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم.

قەدىرلىك جامائەم، مەن قىسقىغىنە ھاياتىمدا ئالاھىدە بىر تۆھپە يارىتالمىغان بولساممۇ لېكىن، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ قىممىتى ـ پەقەت ئاللا مېنى يارىتىپ ئەقىل ئاتا قىلغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئىگەم ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەن چىن ئېتىقادتا ئىگە بولالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىمەن ۋە ئۆز ھاياتىمنى قىممىتى بار ھايات دەپ ھېساپلايمەن. ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا ساناقسىز تەشەككۇر! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئېتىقادىم

يولىدا تارتقان ھەرقانداق جاپا مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەرمۇ مەن ئۈچۈن لەززەت، شۇنداقكەن
بۇنىڭغا سىلەرنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش خۇشال بولۇشۇڭلار لازىم. ئىسلامىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ،
قۇرئانى كەرىمنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان كىشىلەر ھەقىقىي بەختلىك كىشىلەردۇر. گەرچە
ئۇلار بۇ دۇنيادا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا، ھەر تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ ئۇلار ھامان
روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئېتىقادنىڭ كۈچى. مەن سىلەرگە
-دوستلىرىمنىڭ ۋە ئۆزەمنىڭ ھاياتىدىن بەزى بىر ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەرسەم بەلكىم سىلەر
چوقۇم ھەيران قالىسىلەر. مەن تۇغۇلۇپ ئەقلىمنى تاپقاندىن بېرى، تۈرلۈك ھايات مۇسا-
پىلىرىنى بېسىپ ئۆتتۈم. پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم، تىجارەت-
چىلىك ھاياتىم، بۈيۈك بىر ئارزۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قەدەم قويغان قىممەتلىك سىياسىي ھا-
ياتىم، تۈرمىدىكى مەھبۇسلۇق ھاياتىم، مانا بۇلار مەن بىر-بىرلەپ باسقان ۋە ئۆتكەندىن ھەر
تۈرلۈك تەجرىبە ۋە ھېسسىياتلارغا ئىگە بولغان ھايات مۇساپەم. دېمەك، مەن ھەر تۈرلۈك
ئادەملەر توپى ئىچىدە ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەت بىلەن ياشىدىم. بۇ جەرياندا ئەڭ قىممەتلىك
نەرسىلەرگە ئىگىمۇ بولدۇم، يوقىتىپمۇ قويدۇم. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە پۇشايمان قىل-
مايمەن. ئەلبەتتە، ئېرىشكىنىم، يوقاتقىنىمدىن ئارتۇق دەپ بىلىمەن. سۆيۈملۈك جامائەم
مەن سىلەرگە مەھبۇسلۇق ھاياتىمدىن بەزى ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بېرەي:

مەن 1992-يىلى [illegible]-ئاينىڭ .-كۈنى گۈزەل يۇرتۇم قاغىلىقتىن ئايرىلىپ
سەككىز نەپەر قېرىنداشىم بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، بىر مۇددەت مۇھاجىرەتتە ياشاش
ئۈمىدى بىلەن ماڭغان ئالاھىدە بىر سەپەردە بەختكە قارشى قولغا چۈشۈپ قالدىم (سەككىز
نەپەر ئادەمدىن ئۈچى نەق مەيداندا شېھىد بولدى، ئۈچى ئېغىر-يېنىك يارىدار بولدى). بۇ
1992-يىلى [illegible]-ئاينىڭ 26-كۈنى ئىدى. پۇتۇم ئوق زەربىسىدە يارىلانغانلىقى ئۈچۈن
27-ئاۋغۇست ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئەڭ مەشھۇر لىيۇداۋان
قاماقخانىسىغا قامالدىم. مېنى بۇ جايغا ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم-
دىن ھەممىت قارى، ئوبۇلقاسىملارنى، [illegible]-يىلى [illegible]-ئاينىڭ 18-كۈنى، ....
.... .................. ئىلھام، ئابدۇللا، مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئەكىلىپ
بولغان ئىكەن. شۇ كۈندىن كېيىن مېنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتىم رەسمىي باشلاندى.........
تۈگىمەس سوئال-سوراقلار، ناچار مۇھىت ۋە ھەر تۈرلۈك قىيناشلار... دوستلىرىمنىڭ
ۋە مېنىڭ ئىرادەمنى كۈندىن-كۈنگە تاۋلىدى. ئاللاغا بولغان ئىشەنچىمىزنى، ئاللاغا بولغان
تەلپۈنۈشىمىزنى كۈندىن-كۈنگە ئاشۇرۇپ باردى. ئەلھەمدۇلىللا! دوست بۇرادەرلىرىمىز
بىلەن تاسادىپىي بىرەر قېتىم دىدارلىشىپ قالساق ۋۇجۇدىمىزدا چەكسىز خۇشاللىق دولقۇن
ياسايتتى. بولۇپمۇ مەن بۇنداق دوستلىرىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنەتتىم. بىز ئۈچۈن بىرگە يا-
شاش، بىرگە ئۆلۈشنىڭ ئۆزى غەلىبە ئىدى. ئېسىمدىن چىقمايدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرى.
1993-يىلى [illegible]-ئاينىڭ [illegible]-كۈنىدىكى قىيامەتلىك دوستۇم ئابدۇل كېرەم قارى
بىلەن 1-تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تاسادىپىي ئۇچرىشىش: شۇ كۈنى مېنى تۈرمە
دوختۇرخانىسىدىن لىيۇداۋان قاماقخانىسىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن بارغان ئىككى ساق-
چىنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن تۈرمە ئىچىدىن چىقىۋاتاتتىم. دەرۋازىغا يېقىنلاشقانسىرى

ئىككى كىشىنىڭ يۇرتتىن، كۆرپە-ۋە سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىنى كۆر-دۈم ۋە بىرىنىڭ كەرەم قارىغا ئوخشايدىغانلىقىنى قاراپ قالدىم، يېقىن كەلگەنسېرى بىر-بىرىمىزگە كۆز ئۈزمەي قاراپ كەلدىم. شۇ ئەسنادا سۆيۈملۈك ئۇستازىم كەرەم قارى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئارىلىقىمىز ئىككى يۈز مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى، ئاندىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم! — دېدى. مەن ئاران:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيەلىدىم. يېنىمدا كېلىۋاتقان ساقچى گەپ قىلما دەپ توۋلىغاچ چىغىر يول بىلەن ئايلاندۇرۇپ كەرەم قارىغا يېقىنلاشتۇرماي دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقتى. دەرۋازا ئالدىدىكى بىزنى ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا كەينىمگە بۇرۇلۇپ دوستۇمغا قارىدىم، ئۇ مېنىڭ كەينىمدىن قاراپ تۇرغان ئىكەن، مەن كويزا سېلىنغان قولۇمنى كۆتۈرۈپ خوشلاشتىم، ئۇمۇ قولىنى كۆتۈرۈپ خوشلاشتى. ئارىلىقىمىز خېلىلا يىراقتىن بولسىمۇ باشقا بىرەر ئېغىز سۆزلىشىشكە ئىمكان بولمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلى-مەن. يەنە بىر كۆرۈنۈش، 1997 – يىلى 6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى دوستلىرىم بىلەن بىللە بولغان كۈن ئىدى. بۇ كۈنى بىزنىڭ سوت باشلانغان كۈن بولۇپ، ئون ئىككى دوستۇم بىلەن بىرگە ئالاھىدە "داغدۇغا" بىلەن سوت زالىغا ياللاپ كېلىندۇق. مەن، ئابدۇلھەمىت قارى، ئۇبۇلقاسىم قاتارلىق دوستلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ بىر-بىرىمىزگە تويماستىن قاراشتۇق. بۇنداق جۇغلىنىش سوتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى 6 – ئاينىڭ 24 – كۈنى يەنە بىر قېتىم نېسىپ بولدى. ئۇ كۈنى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن تەمكىن، خۇشال كۆرۈندى. مەن ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆزەمگە بىر كۈچ قوشۇلغاندەك ھېس قىلدىم.

97 – يىلى 7 – ئاينىڭ 29 – كۈنى بىزگە بېرىلىدىغان بىرىنچى ھۆكۈمنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئالاھىدە "داغدۇغا" بىلەن ئېلىپ چىقىلدۇق. ئون ئىككىمىز قاتار تۇرۇپ ھۆكۈمنامىنى ئاڭلى-دۇق. قىيامەتلىك دوستلىرىمدىن ئابدۇلھەمىت قارى، ئۇبۇلقاسىم، خېلىل، مۇھەممەت ئى-مىن قارى، ئابدۇللا غازى، مەن قاتارلىق ئالتىمىزگە ئۆلۈم جازاسى، ئىلھامغا ئىككى يىل كې-چىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى، مۇتەللىپكە ئون يىل، ئابدۇلھەمىتقا يەتتە يىل مەمەت قارىغا ئىككى يىل، يەنە بىرەيلەنگە جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش، غوپۇر ئىسما-يىلغا بىر يېرىم يىللىق كېسىم چىقىرىلدى.

مەن شۇ چاغدا ھەر بىر دوستۇمنىڭ يۈزىگە نەزەر تاشلاپ چەكسىز پەخىرلەندىم. ئۇلاردا قىلچە قورقۇش ۋە پۇشايماندىن ئەسەر يوق ئىدى. شۇندىن بىرى قاماقخانا ئىچىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان دوستلىرىم بىلەن كىشەنلىنىپ يېتىشقا باشلىدۇق. ياشاش مۇھىتىمىز بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، قوللىرىمىزغىمۇ كىشەنلەندى. مانا شۇنداق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمىزغا ئون ئاي بولدى. لېكىن دوستلىرىم يەنىلا شۇنداق تەمكىن، بىر-بىرىگە كۆيۈمچان، ئۆز نەپسىدىن باشقىلارنىڭكىنى ئەلا بىلىشتەك گۈزەل ئىسلامىي ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن ھەرقانداق كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ كەلمەكتە. قىيامەتلىك قېرىندىشىم ئابدۇلھەمىت قارى بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە تويماستىن قارايمىز. ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈرەكلىرىدىكى ئاجايىپ سېغىنىش ۋە گۈزەل ئارزۇ، ئارمانلار دەرھال كۆزىمىزدە نامايان

بولىدۇ . مېنىڭ ئەپسۇس تىل ئارقىلىق سۆزلەشكە ئىمكان يوق . مانا بۇ سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەك چى بولغان مەھبۇسلۇق ھاياتىمدىن كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈش . . . . . . .

ھاياتنىڭ ئۆزى بىر سىر . تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشلارنى بىز ئىجرا قىلىمىز . نۇن سەككىزىنچى مارت كۈنى كېچە بىردە قىيامەتلىك دوستۇم ئوبۇلقاسىم مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەتتىنچى كامېردا شېھىد بولدى . قانداق ياشاپ قاچان ، قايەردە قانداق ھالەتتە ئۆلۈشنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ . مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ جاسارەت بىلەن ئاللاغا ئىلگىرىلىشىنىڭ دەرت-ئەلەم ، مۇشەققەت ئالدىدا چۆشكۈنلۈشۈپ كەتمەسلىكىنىڭ مەنبەسى . قەدىرلىك جامائەم مەن سىلەرنىڭ ھەر قانداق ھادىسە ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا خاس تەمكىنلىك ۋە غەيرەت بىلەن تۇرۇشۇڭلارنى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئور نىمىز اللە نىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن .

ئۈمىتۋار كىشىلەر مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ . ئاخىرقى غەلىبە ئاللاھتىن تۇرتىندىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ . بۇ دۇنيادىكى ئازادە تۇرمۇش ، شاد- خۇراملىق سىزلەرنىڭ ۋە بىز- نىڭ تەلپۈنىدىغان بىردىن - بىر ئالىي غايىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھاياتتىكى ھەربىر قە- دەمنى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بېسىشىمىز لازىمكى ، ھەرگىز خىلاپلىق قىلىشتا ، قارشىلىشىشتا بولمايدۇ . قارشىلاشقان كىشىلەر ئەڭ بەختسىز كىشىلەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆۋالىنى ئۆزۈڭغا بارماي كۆرىدۇ . ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلۈم بىلەن بويسۇندۇرغان- دۇر . ھېچ كىشى ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . ھەقىقىي بەخت بىلەن ساختا مەنپەئەت شۇ چاغدا ئېنىق ئايرىلىدۇ .

ئەي قەدىرلىك جامائەم ، مەن سىلەرگە دەيدىغان سۆزلىرىمنى تەلەم بىلەن يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن . سىلەرگە ئەڭ سۆيۈملۈك ، ئاھايىتى مېھرىبان ئىگەم ئاللاھنىڭ رەھ- مەت ۋە مەغپىرىتىنى تىلەيمەن ، ھەممىڭلارنى ئاللاغا تاپشۇردۇم . سىلەرگە ئامانلىق تىلەپ خەير . 1994 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قۇربان ھېيت

ئىدرىسخان

مەن ئادەملەرنىڭ رەزىل ئالەم ، بۇزۇق جەمئىيەت دەپ داتلىشىدىغانلىقىدىن ئەجەپ- لىنىدىغان بولۇپ قالدىم ، چۈنكى ئۇلار شۇ بۇزۇق جەمئىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە تە- شەببۇسكارلىرىدۇر . سەن جەمئىيەت بۇزۇلدى دەيسەن ، ئۇنداقتا گۈزەل جەمئىيەت قۇ- رۇلغانمۇ ؟ ئۇ نېمىنى ئاساس قىلىشى كېرەك ؟ ئادەملەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا بارابەر ئىجتىمائى تۈزۈمگە ئىنتىلىش روھىنى نېمىگە تايىنىپ ئەمەلىلەشتۈرگىلى بولىدۇ ؟

1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

بىخارامان شاد- خۇرام ياشىغاندىن ، ھەقانىيەتنى ياقىلاپ دەرت تارتقان ياخشى پۇت -قولنى كىشەنلەش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلگەن بىلەن يۈرەكنى كىشەنلەش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ .

ئاللاھنى ھەقىقىي سۆيگەن قەلب ئاللا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئارامدىللىككە ئېرىشەلەيدۇ . ئىنسانلار بەختنى مەنسەپ ، مەرتىۋە ، پۇل -مال بىلەن ئۆلچەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن ؟!

ئادەملەر ئۆز ئالدىغا تەشەببۇس قىلغان "ھايات پەلسەپەسى»، «ئەخلاق ئۆلچىمى»
ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى بۇزۇپ تۈرلۈك رەزىللىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئاللاھقا قۇل بولۇش شەرەپ، ئادەمگە قۇل بولۇش نومۇس. ئاللاھ ئىنساننى ئۆزى
لاھىيەلەپ، ئۆزى ياراتقان، ئۇنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى
بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى "ئەخلاق ئۆلچىمى»، «ھايات
پەلسەپىسى» نى ئۆزى پەيغەمبەرلەرگە "ۋەھى" قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن.
پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشتا ياشىشىنىڭ بىردىن بىر ئاساسى.
ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق پۈتۈنلەي ئاياغلىشىدۇ دەپ قاراش، ئادانلارنىڭ ئەخمىقانە
قارىشىدۇر. ئۇ قىلچىلىك ئىلمى ئاساسقا ئەمەس.

ئېھتىماللىق گۇمانلارنى ھەقىقەتنىڭ دەلىلى قىلىش ئىلاجسىزلىقنىڭ ئىپادىسى.
قايسى جەمئىيەتنىڭ دۇنيا قارىشى ھەقىقەت؟ قانداق ئىلمى ئاساسقا؟ ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇنمۇ؟ ئۇنىڭغا تارىخى رىئاللىق بىلەن ھەقىقى ئەمەلىيەت جاۋاپ قايتۇرسۇن.

ئىنسانىيەت تىنچلىققا، ئىناقلىققا، باراۋەرلىككە موھتاج، ئۇ نېمىگە تايانغاندا
قولغا كېلىدۇ؟

زىددىيەتسىز جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ قولىدىن كەلمىگەندەك، ھە-
قىقەتنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

رەزىل ھاياتقا ئادەتلەنگەن ئادەملەرنىڭ گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنۈشى، ياخشى ئىش-
ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئاللاھدە سەۋەپ، مەلۇم مۇددەت كېرەك.
ئۇنى ئۆلۈم ئالدىدا قانداق مەنىۋى كۈچ شۇنداق جەسۇر، ئۈمىتۋار، خاتىرجەم قىلدى؟!
ئەقىدىگە بولغان ئىشەنچ!!

«كامېر ئىچىدە ئويلىغانلىرىم»

١٩٧٤ - يىلى ٦ - ئاينىڭ ٢٨ - كۈنى

پەقەت مېنىڭ يازماقچى بولغانلىرىم ھېكايە ئەمەس بەلكى رىئال تۇرمۇشتا كۆرگەن،
ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ھىسسىياتىملا ئىبارەت. مەن ئەركىن تۇرمۇشتىن
مەھرۇم بولۇپ، قاراڭغۇ جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولغان كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرمۇش
كەچۈرۈۋاتقانلىقىمغا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى، مەن بۇ جەرياندا كىشىلەردە مەلۇم
بولغان تۈرلۈك چىرىك تۇرمۇش شەكلى، قىزىقارلىق ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن خېلى
تونۇشۇپ قالدىم. رەزىللەشكەن تۇرمۇش ئادىتى بىلەن گۈزەللىككە ئىنتىلىش روھى
ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش مەيداندا نىشانسىز ھەققاتكى پالاتسىز.........
(ئىدرىسخاننىڭ خېتى شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
ئۇختۇرۇشى

(١٩٦) ش س ج ١- ج ٤- نومۇرلۇق

ياۋابكار، ئىدرىسخان [illegible]

جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن، مەھكىمىمىز تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، دەرھال ئىجرا قىلىنماقچى، بوقىرنىڭ ئەستىقى بويىچە جازا مەيدانىدا سىلىنى بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى.

شۇڭا ئالاھىدە ئۇختۇرۇش قىلىندى.

١٩٩٥- يىلى [illegible] ئاينىڭ [illegible] كۈنى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
ئۇختۇرۇشى

(١٩٦) ش س ج ١- ج ٤- نومۇرلۇق

ياۋابكار، ئىدرىسخان [illegible]

جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن، مەھكىمىمىز تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، دەرھال ئىجرا قىلىنماقچى، بوقىرنىڭ ئەستىقى بويىچە جازا مەيدانىدا سىلىنى بىلەن ئېتىپ ئىجرا قىلىندى.

شۇڭا ئالاھىدە ئۇختۇرۇش قىلىندى.

١٩٩٥- يىلى [illegible] ئاينىڭ [illegible] كۈنى

## ئىدرىسخاننىڭ خېتى

[illegible]

## بىزنىڭ ئىنسانىي ھەقلىرىمىز قايەردە
## ۋەتەندىن كەلگەن نامسىز خەت

بولتۇر مايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر يېزىسىدا ھەر يىلى تەكرارلىنىدىغان ھاشار ئەمگىگى باشلىنىپ مەھەللىدىكى بارلىق تىرى- ياشنى تىراكتورلارغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۈچ كۈنلۈك يىراقتىكى جاڭگالغا زەيكەش ئۈستەڭ چې- پىشقا ماڭغان ھاشارچىلار يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئالدىدىكى تىراكتۇر سىلى- كىنىپ ئىككى دېھقان يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ- دە ئارقىدىن كېلىۋاتقان تىراك- تور ئاستىدا قېلىپ جان بېرىدۇ. ئاچ - يالىڭاچ بەش بالىسىنى يېتىم قىلىپ ھاشار يولىدا ئۆلگەن بۇ بىچارە دېھقانلار قاتناش ساقچىسى تەرىپىدىن " تىراك- تۇردا ياخشى ئولتۇرماي بىخەستەلىك قىلغان " جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مىڭ بەش يۈز يۈەن ( ئىككى يۈز دوللارغا يېقىن ) پۇل بېرىش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىككىنچى كۈنى بىر يۈتۈم سۇ بولمىغان بۇ جاڭگالدا مەجبۇرى ئەمگەك باشلىنىدۇ. سايمۇ تاپقىلى بولمايدىغان قاتتىق ئىسسىقتا قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەن ئىككى كىشى كەتمىنىنى قۇچاغلىغان پېتى ھەسرەت بىلەن جان ئۈزىدۇ. ھاشارچىلار سۈسىزلىقتىن دات-پەريات قىلىۋاتقاندا ھۆكۈمەت بۇيەرگە ھاراق ئەكىلىپ ساتىدۇ. ئۇسسوزلۇقتا چىدى- مىغان ئىككى ئۇيغۇر ژىگىت ھاراق ئىچىپ، جىدەللىشىپ خۇدىنى يوقۇتۇپ بىر- بىرىنى كەتمەن بىلەن چاپايدۇ. نەتىجىدە بىرى نەق مەيداندا، يەنە بىرى ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدا جان بېرىدۇ. شۇندىن كېيىنلا ھۆكۈمەت بۇ يەرگە ماشىنىدا سۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ. تۆتىنچى كۈنى ئىش مەيدانى يۆتكىلىپ، ھاشارچىلار تىراكتوردا كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە تىراكتور پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ. ئون نەپەر ياش گۆرجەك بىلەن يول ئېچىۋاتقاندا تىراكتور مېكىپ كې- تىپ بىر ژىگىت چاق ئاستىدا قېلىپ ئۆچەي، باغرى يەرگە چېچىلىپ، خوتۇن باللىرىغا ۋەسىيە تەمۇ قىلالماي ئۇ دونياغا سەپەر قىلىدۇ. يەنە بىر ياش ئۆزىنى چەتكە ئاتقان بولسىمۇ ئۆلگۈرەلمەي ئىككى پۇتى چاق ئاستىدا قېلىپ مېيىپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. تۆت كۈن ئىچىدە يەتتە قېرىندىشىدىن ئايرىلغان ھاشارچى خەلق بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرگە قارىماي تويمىغان ھۆكۈمەتتىن گۇمانلىنىش

كەيپىياتىدا: «ھۆكۈمەت بىزنى جاڭگالدا تۈگەشتۈرمەكچى ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كېلىدۇ. ھاشارچىلار ئىچىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولغان تۇرغۇنجان، نۇرمەھەممەتجان، ياسىنجان قاتارلىق ئون ئۈچ نەپەر ياش ئالدى بىلەن چوقان كۆتۈرۈپ: «بىزگە جان كېرەك، بىزگە ھايات كېرەك، ئۆلسەكمۇ ھاشاردا ئۆلمەسلىكىمىز كېرەك، بىز مۇنداق ھاشاردا بىر سائەتمۇ ئىشلىمەيمىز، بىز ھايۋان ئەمەس» دەپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ھاشارچىلار ھەممىسى بۇلارغا قوشۇلۇپ ساقچى ۋە كادىرلارنى قورشىۋالىدۇ. ھىلىلا قويدەك يۇۋاش ئىشلەۋاتقان خەلقنىڭ بىردىنلا غەزەپلىنىپ يولۋاستەك خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساقچى، غالچا كادىرلار ئالاقزادە بولۇشۇپ يۇقۇرىدىن ياردەم سورايدۇ. ھاشارچىلارنىڭ پەيلىدىن قورققان چىن ئەمەلدارلىرى بىرەر چوڭ ۋاقە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ قېتىملىق ھاشار ئەمگىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئەمما ھاشارچىلار ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، نارازىلىق ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلغان ئون ئۈچ نەپەر ياشقا يەنە ئالتىنى قوشۇپ ئون توققۇز ياشنى مەخپى تۇتقۇن قىلىپ تۆرت ئايدىن يەتتە ئايغىچە تۈرمىگە قاماپ جازالايدۇ. بۇ ياشلار پەقەت «بىزنى مۇنداق ئۆلتۈرمەڭلار» دېگىنى ئۈچۈنلا ھازىرغىچە قاتتىق نازارەت ئاستىدا تەقىپتە ياشىماقتا.

ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى:

ھۆرمەتلىك تەھرىر، مەن بۇ ماقالامدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەقەت بىرلا يېزىسىدىكى تۆرت كۈن ئىچىدىكى بىر قېتىملىق ھاشارنىڭ پاجىئەسىنىلا يازدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھاشاردا جىنىدىن جۇدا بولغانلارنىلا يازدىم. ئاچ قالغان، ھاقارەتلەنگەن، كېسەل بولغانلارنى تىلغا ئالمىدىم. ئۆزەممۇ شۇ زورلاۋانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئىسمىمنى ئاشكارىلاشقا ئامالسىز قالدىم. ئەگەر ماقالام قولۇڭلارغا يېتىپ بېرىپ، دۇنياغا ئېلان قىلىنسا خەلقىمىز ھېچ بولمىغاندا "ئاھ دەردىما!" دېگەن بىر سۆزنى ئېيتىۋالغىدەك بولسىمۇ ئارامغا ئېرىشكەي دېگەن ئۈمىدتىمەن.

تەھرىردىن سۆز:

بىز قولىمىزغا كېچىكىپ تەككەن بۇ بىر پارچە شىكايەت ماقالىسىنى

ئۇتۇپ، يۈرىگىمىز ئېچىشىپ تۇرغان كۈنلەردە، پاكىستاندىكى بىر ۋەتەندى-
شىمىز بىزگە تېلېفون بىرىپ، زالىم خىتاي زوراۋانلىقىدىن ۋەتەندە تۇرۇش
ئىمكانىيىتى قالمىغان سەككىز نەپەر خوتەنلىك ئۇيغۇر ژىگىتنىڭ چەتئەلگە
قېچىش سەپىرىدە خىتاي چېگراسىدىكى ئەسكەرلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئوق
ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى. يەنە شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە غۇلجا
قورغاس بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر بالىنىڭ تام بىسىۋېلىپ
ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچىلىك مەلۇمات كەلدى. مانا بۇلار ۋەتىنىمىزدە يۈز
بىرىۋاتقان ئىنىق پاكىتلىق ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنىڭ مىڭدىن بىرى. ئەنە شۇ
تىراكتور چاقى ئاستىدا تۆكۈلگەن قانلار، تام ئاستىدا چىققان جانلار بىر ھاي-
ۋاننىڭ ياكى قۇرۇت- قوڭغۇزنىڭ جېنى ئەمەس، بەلكى بىر ئىنسانىنىڭ، مۇسۇل-
مانىنىڭ، شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ جان، قېنى ئەمەسمۇ؟ يۇقۇرىقىدەك پاكىتلار
ئالدىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى جاۋاپ بىرىپ باقسۇنچۇ؟
ئۇلارنىڭ «بىزدە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنمىدى» دىگەن ئاغزىنى ئادەم
ئاغزى دىسە كىمنىڭ ئىشەنگۈسى كىلىدۇ؟

كۆڭلى قاراقسىزىل خىتاي ھۆكۈمدارلىرىغا بۇ ئېچىنىشلىق پاكىتلارنىڭ تەسىر
قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ دۇنيا ئىگىسى بار
ھىساۋاتلىق دۇنيا، كەلگۈسى تارىخ- بىرمۇ- بىر ھىساپ ئالىدىغان تارىخ!

## ئامىرىكادا تەتقىقات مەركىزىمىز قۇرۇلدى

دۇنيادىكى مىللىي داۋاتەشكىلاتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن شەرقىي
تۈركىستانلىق مۇجاھىدلار داۋايىمىزنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا، ئامە-
رىكىغا تىخىمۇ كەڭ ئاڭلىتىش مەخسىدىدە، ئامرىكا جامائىتىنىڭ يېقىندىن
قوللىشى ۋە مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ زور ئىختىسادى، مەنىۋى ياردىمى نەتىجە-
سىدە يېقىندا ئامىرىكادىكى قانۇنى تەشكىلاتىمىز «شەرقىي تۈركىستان مىللىي
تەتقىقات مەركىزى» نى قۇرۇپ چىقتى. داغدۇغۇلۇق ئېچىلىش مۇراسىمى
بىلەن دۇنياغا ئۆزىنى تونۇتۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان بۇ مەركەز شەرقىي تۈركىس-
تان زىيالىيلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ ۋە داۋاتەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلى-
شىپ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا تونۇتۇش يولىدا ئۆز پىراگرامى-
لىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانماقتا.

## شەرقى تۈركىستاندا

## ئۆسمۈر- ئوقۇغۇچىلار بىگۇنا تۇتقۇن قىلىنماقتا

بۇ يىل قەشقەر پەيداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدىن سىياسى جىنايەتچى دەپ قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغان ئابىتجان ئوبۇلقاسىم، تۇرسۇنجان مەتىمىن، ئىسمايىل موھەممەت، رىشات مەھەممەت قاتارلىق تۆرت نەپەر ئۆسمۈر ئوقۇغۇچى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ زالىدا باش سوتچى ئېلى قاتارلىق خىتاي سوتچىلىرى تەرىپىدىن ئوچۇق سوت قىلىندى. سوتتا ئۆسمۈرلەرگە "ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغان ۋە يىتەكچىلىك قىلغان" دىگەن جىنايەت يۈكلەندى. ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى ئاقلاپ تەسىرلىك ۋە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ زالدىكى مىڭلىغان كىشىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. كىشىلەر قىززغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، سوت ھۆكۈمنامىسىنىڭ ناھەق ئىكەنلىگىنى، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىگىنى ئىپادە قىلدى. سوت مەمۇرلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا تالاش باشلىنىپ سوت مەجبۇرى توختىتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي باش سوتچى ئېلى نىمشكىدۇر ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. يىگىرمە يەتتىنچى سىنتەبىردە ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى قانۇنسىز ھالدا ئاممىۋى سۇرۇندا ھۆكۈم يىغىنى ئېچىپ، ئابىتجانغا ئون بەش يىللىق، تۇرسۇنجانغا ئون ئىككى يىللىق، ئىسمايىلجان ۋە رىشاتقا ئون يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. مەيدانغا يىغىلغان ئونمىڭلىغان خەلق نەق مەيداندا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىنسان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلدى. ساقچىلار شۈكۈنى كەچتە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ياشلارنى قولغا ئالدى. ئەپسۇسكى، قولغا ئېلىنغان ئابىتجان قاتارلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ ھۆكۈمنامىسى ھىلىغىچە ئىجرا قىلىنمىدى.







«قەشقەر گېزىتى» رەسىملىك خەۋىرىنىڭ تەرجىمىسى:

" گېزىتىمىز خەۋىرى: ١٩٩٥ - يىلى ٩ - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ھېيتگاھ مەيدانىدا ھۆكۈم چىقىرىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھ ئۇيۇشتۇرغان يېتەكچىلەردىن ئابىتجان ئوبۇلقاسىم، تۇرسۇنجان مەھەممەت، ئىسمايىل مەھەممەت، رىشات مەھەممەت قاتارلىق تۆرت نەپەر جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

جىنايەتچى ئابىتجان ئوبۇلقاسىم قاتارلىق تۆرت نەپەر جىنايەتچى بۇلتۇر ئون بەشىنچى ئاۋغۇست كۈنى جىنايەتچى ئىسمايىل مەھەممەتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش موناسىۋىتى بىلەن.............. ( ئاخىرى يوق )



本报消息 9月27日，地区中级人民法院在艾提尕广场召开宣判大会，依法对组织领导反革命集团的阿比提江・吾布里卡斯木、吐逊江买买提、司马义买买提、热下提买买提四名罪犯判处徒刑。

罪犯阿比提江・吾布里卡斯木等四名罪犯于1994年8月15日以庆贺罪犯司马义买买提的生日为名，聚在一

…五

…备后备力量结合

# شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىي مائارىپ سىياسىي جىنايەت ھېساپلىنىپ جازاغا ئۇچرىماقتا

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرىنى ئىسلامىي پائالىيەتلەردىن مەنبەئەلەنگەن دەپ ھېساپلىغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى يېقىنقى يىللاردا دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە مەدرىسە مائارىپىنى قاتتىق چەكلەيدىغان بەلگىلىمىلەر چىقىرىپ، مۇددەرىس ۋە تالىپلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلماقتا. ئىسلامىي بىلىم ئۆگەتكەن ۋە ئۆگەنگەن ياشلار ھەممىسى سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارىلىپ ئىجتىمائىي بوھتانلار بىلەن جازاغا ھۆكۈم قىلىنماقتا.

تۆۋەندە ب د ت، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، خەلقاراكەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلارغا يوللانغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىلان قىلدۇق:

مۇزەپپەر قارىم، قەشقەر غەزنىچى بەگدىن، يىگىرمە سەككىز ياش، قۇرئاننى تەپسىر قىلغانلىقى ۋە دىنىي كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۆيىل بىرىنچى ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىل كېسىلگەن. ھازىر قەشقەر سەمەن يېزىسىدىكى مۇشى جازا مەيدانىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ.

ھەسەن مەخسۇم، قەشقەر يېڭىشەھەردىن، ئوتتۇز ئۈچ ياش، توقسەن ئۈچىنچى يىلى دىنىي دەرس ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ بۆيىل تۆرت يىللىق قاماققا ئېلىنغان. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى ئۇلانباي تۈرمىسىدە جازالانماقتا.

ئالىمجان ئابلىز، قەشقەر پەيزىۋاتتىن، يىگىرمە توققۇز ياش، دىنىي تەشكىلات قۇردى دېگەن بوھتان بىلەن بۇلتۇر قولغا ئېلىنىپ ھۆكۈمسىز ھالدا قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى يەرئاستى تۈرمىسىدە قىيىن-قىستاقتا ياتىدۇ.

ئابدۇقادىر ئەمەت، قەشقەر يېڭىشەھەردىن، ئوتتۇز سەككىز ياش، سىياسىي تەشكىلات قۇردى دېگەن بوھتان بىلەن يەتمىش ئىككىنچى يىلى قولغا ئېلىنىپ ئون يىل كېسىلگەن. توقسەنىنچى يىلى يەنە ئۈچ يىل كېسىلگەن، توقسەن ئۈچىنچى يىلى يەنە قولغا ئېلىنىپ بۆيىل ئۈچ يىل كېسىلگەن. ھازىر ئۈرۈمچىدىكى ئۇلانباي تۈرمىسىدە جازالانماقتا.

مەتىمىن قارىم، قەشقەر يېڭىشەھەردىن، يىگىرمە تۆرت ياش، سىياسىي جىنايەتچى دەپ قارىلىپ توقسەن ئۈچىنچى يىلى قولغا ئېلىنىپ بۆيىل ئۈچ يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان، ھازىر ئۈرۈمچى ئۇلانباي تۈرمىسىنىڭ جازا

مەيداندا تاش چوقۇپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

نەسرۇللا قارىم، قەشقەر قوغاندىن، ئوتتۇز ياش، تالىپ تەربىيەلىگەنلىكى جىنايەت دەپ قارىلىپ بۇيىل بىرىنچى ئايدا قولغا ئېلىنىپ ھازىرغىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىنماي قەشقەر يۇمۇلاق شەھەر كۆل بېشىدىكى تۈرمىدە يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويۇپ سوراق قىلىنماقتا.

سەمەت قارىم، قەشقەر خانئېرىقتىن، ئوتتۇز ياش، تالىپ تەربىيەلىگەن، دىنىي كىتاپ تەرجىمە قىلغان دەپ قارىلىپ بۇيىل ئىككىنچى ئايدا قولغا ئېلىنىپ ھازىرغىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان. قەشقەر يۇمۇلاق شەھەر كۆل بېشى تۈرمىسىدە قاتتىق قىيىن-قىستاقتا سوراق قىلىنماقتا.

ياسىن قارىم، قەشقەر پەيزىۋاتتىن، يىگىرمە سەككىز ياش، پارتلاتقۇچ بومبا ياساپ، سۇيىقەست پىلانلىغان دەپ قارىلىپ توخسەن ئۈچىنچى يىلى قولغا ئېلىنىپ تۆرت يىللىق كېسىلگەن. ھازىر يېڭىسار تۈرمىسىدە ياتىدۇ.

ئەلى ھاجى، قەشقەر پەيزىۋاتتىن، يىگىرمە توققۇز ياش، دىنىي تەشۋىقات قىلغان ۋە تەشكىلات قۇرغان دەپ قارىلىپ بۇيىل بىرىنچى ئايدا قولغا ئېلىنىپ، ھازىرغىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان. ھازىر قەشقەر يۇمۇلاق شەھەر كۆل بېشى تۈرمىسىدە ئازاپلانماقتا.

## ۋەتەنىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن شېھىت بولغان قەھرىمانلارنىڭ

## روھى مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ

خىتاي فاشىستلىرى ئوتتۇزىنچى ماي كۈنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئابلىمىت تالىپ، ئىدرىسخان ئۆمەر، مەمتىمىن سېيىت، خەلىل ئالتۇن، ئابدۇللا مەمەت قاتارلىق بەش نەپەر مۇجاھىدىمىزنى ۋەھشىلەرچە ئېتىپ شېھىت قىلدى. يىگىرمە ئىككىنچى ئۆكتەبىر كۈنى ئىستانبۇلدا داغدۇغىلىق قۇرئان تىلاۋىتى، نەزىر-خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلىپ مەرھۇم قەھرىمانلىرىمىز ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلەندى. تۆۋەندە بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، رەسىملەر ۋە شېھىت ئىدرىسخان ئۆمەرنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى باستۇق. مەزكۇر ماتېرىياللار خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە كەچۈرۈم تەشكىلاتى مەركىزىگە دوكلات قىلىندى.

## تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى خاتىرىلەندى

بۇيىل ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى. شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى مەدەنىيەت مەركىزىدە ئېچىلغان بۇ يىغىنغا ئىككى يۈزگە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بىرلىكتە بىلىم ئادەملىرى، مۇخبىرلار قاتناشتى. قۇرئانى كەرىم خەتمىسىنىڭ ئارقىدىن ئوقۇلغان تەبرىكلىك دۇئادىن كېيىن سۆزگە چىققان بىلىم ئادەملىرى جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى ۋە يېتەكچىلىرىمىزنى تەپسىلى تونۇشتۇردى. شۇ دەۋىردىكى ئومۇمى ۋەزىيەت، سىياسى كۈچلەر ۋە تەجرىبە ساۋاقلارنى تەھلىل قىلىپ كەلگۈسى كۆرەش تەدبىرلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا نەزىر تاماقى بېرىلدى. يىغىن ئەھۋالى تېلېۋىزور، گېزىتلەردە خەۋەر قىلىندى.

## ئامېرىكادا شەرقىي تۈركىستان داۋاسى

بۇيىل ئون يەتتىنچى ماي كۈنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللى ئەنئەنە، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنى ئەركىنلىككە ھۆرمەت بىلگەن ئامېرىكىنىڭ نيويورك شەھىرىدە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۈرك ھەپتىسى بايرىمى ئادەتتىكىدىن تولىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە مەنالىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزى بەشىنچى كوچىدا ئونمىڭ كىشى تەرتىپ باشقۇرۇپ ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك زور نامايىش تۆرت سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى. دۇنيا تۈركلىرى قاتارىدا شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق تۈركلىرى رەڭگارەڭ مىللى كىيىملىرىنى كىيىپ ئايپىئولتوزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆتىرىپ، پىلاكاتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئامېرىكا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

نامايىشنىڭ ئەتىسى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىناسى ئالدىدىكى "تۈرك ئۆيى" ئالدىدا شەرقىي تۈركىستاننى تونۇتۇش يىغىنى ئېچىلدى. تۈرك ئامېرىكا جەمئىيەتلىرى فېدراتسىيونى باشلىقى دوكتور شاۋكەت قارادومان ئۆز سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنيادىكى، تۈرك دۇنياسىدىكى مۇھىم رولى ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەكىلى غۇلامىدىن پاختا "شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى" دېگەن ماۋزۇدا كۆپچىلىككە تەپسىلى مەلۇمات بەردى.

## شەرقىي تۈركىستاندا چەتئەل مەبلىغى 225 مىليون دوللار

( لوندوندىكى ئىمپېكت ئىنتېرناتسىئونال ژۇرنىلىدىن )

يېقىنقى ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، بۇلتۇر ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل مەبلەغ سالغان شىركەتلەرنىڭ سانى 725 كە يېتىپ توپلام مەبلىغى 225 مىليون دوللارغا يەتكەن. شەرقىي تۈركىستان چەتئەل مەبلىغى ئۈچۈن سەكسەنىنچى يىللاردىن باشلاپ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ چاغلاردا چەتئەل شىركەتلىرى ئاران ئىككى ساھەگە توققۇز مىليون دوللار مەبلەغ سالغان ئىدى.

چەتئەل شىركەتلىرى سالغان مەبلەغنىڭ ئاتمىش پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە توپلانغان بولۇپ، چەتئەللىك مەبلەغچىلەرنىڭ سەكسەن پىرسەنتى سانائەت، تىدى- رىپ تەكشۈرۈش ۋە مۇلازىمەت ساھەسىگە مەركەزلەشكەن. چەتئەل ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلەرنىڭ توخسەن تۆرتىنچى يىلىدىكى ئومۇمىي كىرىمى 115 مىليون دوللار بولۇپ، بۆلگە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 4.9% نى، ئېكسپورت مەھسۇلاتى 45.7 مىليون دوللار بولۇپ توپلام بۆلگە ئېكسپورتىنىڭ 13.8% نى تەشكىل قىلغان. بۇ شىركەتلەر ئونئىككى مىڭ ئىشچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، دۆلەتكە قىرىق ئىككى مىليون دوللار باج تاپشۇرغان.

شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ۋە مەركىزى چىن ھۆكۈمىتى چەتئەللىك مەبلەغچىلەرنى بۇ رايونغا مەبلەغ سېلىشتا تېزلىتىۋرۇشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىزلىمەكتە.

### ئىستانبۇلدا

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلدى

يىگىرمە ئىككىنچى ئۆكتەبىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئىستانبۇلدا قۇرئان تىلاۋىتى ئۆتكۈزۈپ، تۈركولوگ، يازار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرىلىدى. شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى مەدەنىيەت مەركىزىدە ئېچىلغان يىغىنغا ئىستانبۇلدىكى بىر مۇنچە جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى، پىروفېسسورلار، يازارلار، موخبىرلار ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولۇپ ئىككى يۈزگە يېقىن كىشى قاتناشتى. بىر مۇنچە بىلىم ئادەملىرى، ۋالىلار تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. گېزىت، ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيونلار تەپسىلىي خەۋەر بەردى. خاتىرىلەش يىغىنىدا ئالدى بىلەن قۇرئانى كەرىم خەتمە قىلىندى. دۇئالار ئوقۇلدى، ئاندىن كېيىن گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىن باشچىلىقىدا بىر قانچە كىشى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مەنىلىك ھاياتى، مەزمۇنلۇق ئىجادىيىتى ھەققىدە سۆز قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا قاتناشقۇچىلارغا نەزىرە تاماقى بېرىلدى.

## شەرقى تۈركىستاندىكى ئېكولوگىيىلىك ئاپەتلەر

( شۋىتسارىيىدە چىقىدىغان " تارقىتىش " ژورنىلىدىن ئېلىندى )

ئىنگلىزچىدىن مەھەممەت كۆكيار تەرجىمىسى

خىتاي ھۆكۈمىتى سۇ مەنبەلىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى بۇلغىنىشى بىلەن ماناس كۆلىنىڭ قورۇپ كىتىۋاتقانلىقىنى رەسمى ئېتىراپ قىلدى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ (مۇخبىرى سۇنبىڭ ۋە لىنچىن) 1995 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى خەۋىرىدە ئىلىرىقى يىلدىن بۇيان ماناس كۆلىنىڭ قىرغىقى ۋە ئەتراپىغا پىلانسىز ۋە تالايمىتان يەرلەشتۈرۈلگەن مىليونلارچە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ تالايمىتانلارچە سۇ مەنبەلىرىنى ئېغىر ھالدا بۇلغىنىشى بىلەن ماناس كۆلىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

كۆلىنىڭ قۇرۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن بۆلگە بارغانسىرى چۆللىشىشكە ۋە پاتقاقلىشىشقا يۈزتۇتتى. كۆرۈنگەن ئەھۋال شۇكى، كۆچمەن يۆتكەش سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ ئېكولوگىيىلىك ئاپەتتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچ پۇشايمان قىلمىدىغاندەك ئەمەس. چۈنكى ئۇلار نۆۋەتتە بۇ بۆلگىلەردىكى يەرئاستى بايلىق مەنبەلىرىنى تالايمىتان بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. بىلىنگىنىدەك 1981 - يىلى بۇ بۆلگىلەردە مول مىقداردىكى نېفىت زاپىسى گاز ۋە ئالتۇن كانلىرى بايقىلغان ئىدى. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى كۈچىنى توپلاپ بۇ بۆلگىلەردىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز مەنبەلىرىنى ئېچىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى تېزلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇزۇلۇپ ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن شەرقى تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ كۆل بولغان باغراش كۆلىگە بارغانسىرى سۇ يىغىلىپ، سەل خەۋپى پەيدا قىلاي دەپ قالدى.

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى دوكلاتىدا گېزىتنىڭ باش تەھرىرى بۇ سەي 1992 - يىلدىن بېرى باغراش كۆلىدىكى سۇ يۈزى بارغانسىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۆتكەن ئۈچ يىلدىن بۇيان سۇ سەۋىيەسى 118 سانتى مېترغا يۈكسەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دوكلاتىدا باغراش كۆلىنىڭ سۇ يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋەيرانچىلىقلارغا دائىر بەزى رەسمى ستاتىستىكىلارغا ئاساسەن بېرىلگەن ئۆتكەن يىلى مارت ئېيىغىچە 10687 مو زىرائەت مۇنبەت يېرى، 43712 مو يايلاق، 490 مو ئورمانلىق ۋە كۆل ئەتراپىدىكى بەزى يەرلەر تامامەن سۇ ئاستىدا قالغان بۇ خىل سۇ ئاپىتى بىلەن 3234 نەپەر يەرلىك خەلق ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. تۆت مىڭ تۇياق ھايۋان سەل ئاپىتىدىن ئۆلگەن. ھازىر سەل خەۋپىدىن ئەندىشە قىلغان ئورغۇن خەلق بىشى تايغان يەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولماقتا. سۇ باشقۇرۇش (سۇ ئىشلىرى) تارماقلىرى باغراش كۆلىدىكى سۇ سەۋىيەسىنىڭ بارغانسىرى ئارتىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلاشماقتا.

## خوتەن خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمىغا قارشى نامايىش قىلدى

1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوتەندە كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى ۋە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇ ۋاقە خوشنا بۆلگىلەرگە تارقالدى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ نامايىش خىتاي ھۆكۈمەت ساقچىلىرى بىلەن نامايىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك توقۇنۇشقا ئايلاندى. نامايىشتا نۇرغۇن نامايىشچى يارىدار بولدى ۋە بەزىلىرى يوقۇلۇپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھۆكۈمەت پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىگە مەجبۇرى ھالدا ھەربى ھالەت بۇيرۇغى ئېلان قىلىپ كىشىلەرنى بويسۇنۇشقا زورلىدى ۋە ئارقىدىنلا ھۆكۈمەت ساقچىلىرى ھەم ھەربىلىرى نامايىش قاتناشچىلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى. نامايىشچىلار بىلەن بىللە نامايىشتا ھېسداشلىق قىلغان يۈزلەپ بىگۇناھ مۇسۇلمان خەلق تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

ھازىرغىچە بۇ نامايىشنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى، نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل خوتەن ۋىلايىتى قورشاۋغا ئېلىنىپ سىرتتىن ھېچبىر زىيارەتچىنىڭ كىرىشىنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ ۋاقە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قاتمۇ - قات ئېغىر زۇلمىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، خەلقنىڭ ھەققى قارشىلىقىدىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى جامائەتنى ئالداش ئۈچۈن ئويدۇرغان يالغان ھېكايىلىرىنى بۇ ۋاقە ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا تەكرارلىدى ۋە كونا نەقەرىسى بويىچە، خىتاي ئاخبارات ساھەسى، بۇ جەمئىيەت نامايىشچىلار ئۈچۈن ئوغرى، بۇلاڭچى ۋە تاراتچى دېگەن بەتناملارنى قوللىنىپ ئېيىپلىدى. تۆۋەندىكىلەر خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى ئېلان قىلغان رەسمى بايانات بولۇپ، ھەر قانداق كىشى بۇ نامايىشچىلارنىڭ بېشىغا نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى قولايچە ھېس قىلالايدۇ.

## خوتەن ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باياناتى

1995 - يىل 7 - ئىيۇل

1995 - يىلى 7 - ئىيۇل يەرلىك ۋاقىت سائەت 11 دە، بىر قانچە يۈز يەرلىك مۇسۇلمان خەلق خوتەن شەھىرىدىكى مەركىزى جامى ئالدىدا جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلانغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىكى بەزى ھەددىدىن ئاشقان دىنى كۈشكۈرتكۈچىلەر ئاڭسىز خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، جامائەت تەرتىپىنى بۇزۇشتا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تىنچ ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىشتا ئۇرۇندى. ئۇلار ساقچى ئىدارە ۋە ۋىلايەتنىڭ مەمۇرى بىنالىرىنى قورشىۋېلىپ، دەرىزە ئەينەكلىرىنى، 4 دانە ئالىيومىن ئىشىكنى چېقىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي نۇرغۇنلىغان ۋەلىسىپىت ۋە ساقچى ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئۇندىن باشقا بۇ كۈشكۈرتكۈچىلەر يەنە ئامانلىق ساقچىلىرى بىلەن كوچا ئۇرۇشى چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ۋە جامائەت تەرتىپىنى قوغداش مەقسىدىدە ۋەقە

يېرىگە كەلگەن ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قارشى قاتتىق قوللۇق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نامايىشچىلارنىڭ ئاتقان تاشلىرى بىلەن ئامانلىق كۈچلىرىدىن 66 كىشىنى يارىدار قىلدى. ئۇلاردىن بەش كىشى ناھايىتى ئېغىر يارىلاندى. بىزچە بۇ ۋەقە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خوتەن ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتكە، جامائەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قىلىنغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىقتىن ئىبارەت. ۋەقە باشلىنىش بىلەن ئامانلىق ساقچىلىرىمىز، ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، نامايىشچىلارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە قاتتىقچىلىق بىلەن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتمەي چېكىدىن ئاشتىنى ئۈچۈن بۇ نامايىشچىلارنى قىسقا بىر ۋاقىتتا توختىتىش مەقسىتىدە ئامانلىق ساقچىلىرى ھەل قىلغۇچ بەزى تەدبىرلەر ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. 10 مىنۇت داۋام قىلغان بۇ نامايىشتا بەزى قانۇن بۇزغۇچىلار قول ئاستىغا ئېلىندى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن نۇرغۇن يەرلىك جامائەت ھۆكۈمەت ئارماقلىرىغا مۇراجەت قىلىپ، بۇ توپىلاڭغا ۋە باشقا بۇزغۇنچىلىقلارغا قاتناشقانلارنى ئېغىر ۋە داۋاملىق جازالاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋىلايىتىمىزدە تىنچ ۋەزىيەتنى بەرپا قىلىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تىنچ ئامانلىقىنى ساقلاش، جامائەت تەرتىپىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك مەھكىمە، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئامانلىق ساقچىلىرىنىڭ جىسمانىي يارىدار بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان، قانۇنغا قارشى ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ۋە توپىلاڭلارغا قاتناشقان بۇ خىل كىشىلەرنى ئېغىر بىر شەكىلدە جازالاندۇرۇشنى قارار قىلدى. ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تۇراقلىقنى ساقلاش، ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئالدى:

1. 7-ئىيۇل ۋەقەسى جەريانىدا نامايىشقا قاتناشقۇچىلار، ئادەم ئۇرۇش، نەرسە-كېرەك ئوغرىلاش ۋە جامائەت تەرتىپىنى بۇزۇش قاتارلىق قىلمىشلارغا قاتناشقۇچىلار چوقۇم 30-ئىيۇلدىن بۇرۇن كېلىپ ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولۇشى شەرت. ساقچىلارغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلغانلار ۋە باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەزى كەچۈرۈملەرگە ئېرىشىش كاپالىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغانلار ناھايىتى ئېغىر جازالىنىدۇ.

2. ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغىنىمىزغا قارىماي، بۇ قېتىمقى يەتتىنچى ئىيۇل نامايىشنى تەشكىللىگۈچىلەر، بولۇپمۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلامچىلىرى، جامائەت ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ چاققۇچىلار، بۇلاڭچىلىق ۋە قاراقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار چوقۇم تەسلىم بولۇپ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىگىدىن پاش قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇلارنىڭ جازالىرى يېنىكلىتىلىدۇ. بولمىسا ناھايىتى ئېغىر جازالىنىدۇ.

3. بۇ نامايىشقا قاتناشقان ئەمما بۇ يەردە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتى بولمىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلغان تەقدىردە جازالانمايدۇ. بۇلار مەسئۇل دائىرىلەرگە چوقۇم راستىنى سۆزلىشى، ۋاقىتنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە چوقۇم پۈتۈن ئەھۋال-

لارنى تاپشۇرۇشى كېرەك. جىنايەتچىلەرنى قوندۇرغان، يوشۇرغان، پاكىتلارنى سات-
لىغان ۋە باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى رەت قىلغانلار مۇسىزىل-
گەن ھامان قاتتىق جازالىنىدۇ.

٤. ھەر مىللەت كادىرلىرى مىللىي ھوشيارلىق ئېڭىنى يۇكسەلتىشى، بۇ ۋاتە ھەققىدە
پىكىر بىرلىكىنى ساقلىشى لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر مىللەت كادىرلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ،
مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىشى كېرەك. جازالاندۇرۇلىدىغان بۇ
كىشىلەر مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى بۇزۇشتا تىرىشقان
كىشىلەردۇر. بۇلارنى جازالاش دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققى-
ياتى ئۈچۈن قوشۇلغان زور تۆھپە بولغۇسىدۇر.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىق تۇغۇتتا بولغان نارازىلىق

### كۈنسايىن كۈچەيمەكتە

يېقىنقى ئايلاردا شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ
پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە بولغان نارازىلىق كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا. سان جە-
ھەتتىن بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان خەلق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېكىتكەن پىلانلىق تۇغۇت
ھەققىدىكى قائىدە-تۈزۈملىرىگە بويسۇنماسلىق ئۇسۇلى بىلەن خىتاينىڭ بۇ سىياسىتىگە
بولغان نارازىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى موسۇلمان زىيالىلار،
خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مەجبۇرلاۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسى-
تىنى، شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېرقىي، مەدە-
نىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئاستا-ئاستا يوق قىلىشتىكى بىر ئۆتكۈر قورالى، دەپ ھې-
سابلىماقتا. ئۈرۈمچىدە مەخپىي توپلانغان بىر قىسىم زىيالىلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي
تۈركىستاندا يولغا قويۇۋاتقان ۋەھشىي مەجبۇرىي پىلانلىق تۇغۇتنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ
جېنوسىد (بىر مىللەتنى تۈپتىن يوق قىلىش) سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلدۈردى.

قارىقاش ناھىيىسىدىكى نېمەتۇللا ۋە بارات ئىسىملىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
قارىقاشتىكى پىلانلىق تۇغۇت مەركىزىنى پاچاقلاپ تاشلىدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى.
بۇ پىلانلىق تۇغۇت مەركىزىنىڭ تامامەن كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى، ئەمما ھېچبىر كىشىنىڭ زى-
يانغا ئۇچرىمىغانلىقى خەۋەر قىلىندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن نېمەتۇللا بىلەن بارات قولغا ئېلىنىپ
ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى ھەمدە ئۈچ يىللىق ئېغىر تۈرمە جازاسى بىلەن ئون بەش يىللىق قا-
ماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى قوراللىق قوزغىلاڭ

## ( شاڭگاڭدا چىقىدىغان يۈزلىنىش ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

«ئۆتكەن يىلى ئاپرېل ئېيىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئالتە كىچىك شەھىرىدە ئەللىك مىڭ كىشىلىك بىر قوزغىلاڭچى قوشۇن قوزغىلاڭ كۆتەردى. تۇتقۇزتارا ۋە موڭغۇلكۈرەدە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئۆلدى، سەكسەندىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى. تېكەس ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قوراللىق كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى. چاپچال ۋە نىلقىدىكى كۆپلىگەن نامايىشچى قوشۇن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشىنى تەلەپ قىلدى»

ئۆتكەن يىلى يىگىرمە ئىككىنچى ئاپرېل كۈنى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، تۇتقۇزتارا، كۈنەس، نىلقا ۋە چاپچالدىكى ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى ھۆكۈمەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق نامايىشى ۋە ھۆكۈمەتنى شىكايەت قىلىش نارازىلىق يىغىلىشى ئېلىپ بارغان. يىگىرمە ئۈچىنچى ئاپرېل كۈنى نامايىشچى خەلق، «ئىشچىلار ئىش تاشلىسۇن»، «ئوقۇتقۇچىلار ئىش تاشلىسۇن» ۋە «دۇكاندارلار ئىش تاشلىسۇن» دىن ئىبارەت «ئۈچ ئىش تاشلاش» چاقىرىقىنى چىقارغان. ئۇندىن كېيىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق نامايىشچى قوشۇن «شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاخىرلاشسۇن»، «مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان»، «ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان» دېگەن شۇئارلار بىلەن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. يىگىرمە تۆتىنچى ئاپرېل كۈنى تۇتقۇزتارا ۋە موڭغۇلكۈرەدىكى نامايىشچىلار ھۆكۈمەت بىنالىرىنى قورشىۋېلىپ ئارقىدىنلا ماشىنا، تىراكتورلار بىلەن يەرلىك ساقچى ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرگەن، بۇ يەردىكى ماشىنا، قورال، ئوقلارنى ئولجا ئېلىپ پۈتۈن بىنانى قۇرۇقداپ قويغان. شۇ كۈنى ئاخشىمى، قوراللانغان ئامانلىق ساقلاش قىسىم ئەسكەرلىرى نامايىشچىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتكەن، نەتىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق قىسىملىرى بىلەن نامايىشچى خەلق ئارىسىدا شىددەتلىك كوچا توقۇنۇشى بولغان. يەرلىك خەلقنىڭ بەزىلىرى بۇ ئۇرۇشتا سوۋېتتە ياسالغان كىچىك تىپتىكى ئاپتوماتلارنى ئىشلەتكەن. توقۇنۇشتا ئىككى يۈز يىگىرمىدىن ئارتۇق نامايىشچى خەلق ئۆلگەن. شۇ كۈنى كېچىدە، ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابى، غۇلجا ۋە بۆرتالادىكى ئىككى بىرىگادا ھەربىي قىسىملىرىنى تۇتقۇزتارا ۋە موڭغۇلكۈرەدىكى نامايىشچى ئامىنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئەتىسى بۇ ئىككى ناھىيىدە قاتتىق ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلۇپ پۈتۈن ئائىلىلەر مەجبۇرى ئاقتۇرۇلغان. سەكسەندىن ئارتۇق "ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرغۇچىلار" قولغا ئېلىنغان.

ئەتىسى كۈنى تېكەستىكى بەش يۈزدىن ئارتۇق قوراللىق خەلق قىرىقتىن ئارتۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق قىسىم ئەسلىھەلىرىگە بېسىپ كىرگەن ھەمدە ھەربىلەرنىڭ قورال ئامبىرىنى قۇرۇقداپ قويغان. خەۋەردە ئۇلارنىڭ قايتىش يولىدا ھۆكۈمەت ئەس-

كەرلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالىلىق تۇتۇنۇش بولغانلىقى، يۈز ئاتمىش نەپەر خەلق ھەمدە ئوتتۇز ئىككى نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى ئۆلگەنلىكى مەلۇم قىلىنغان.

بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ شىددەتلىكلىرى ئىلقا ۋە چاپچاللاردا يۈز بەرگەن. يىگىرمە ئىككىنچى ئاپرېلدىن باشلاپ، نامايىشچىلار تەكرار توپلىنىپ ئارزۇ، ئىستەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. ئەتىسىدىن باشلاپ نامايىشچىلار تۇشۇنى ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا جىم ئولتۇرۇش ھەرىكىتى باشلىغان. بىر كۈندىن كېيىن بۇ تۇشۇنغا ئىشچىلار، مەمۇرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، دۇكاندارلارمۇ قوشۇلغان. نەتىجىدە شەھەردىكى سۇ، ئېلېكتىر، گاز تەمىنلەش ئىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان. ئۈچىنچى ئەتىسى نامايىشچىلار تۇشۇنى ھۆكۈمەت بىناسىغا بېسىپ كىرىپ ئۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەرلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا بېسىپ كىرگەن. شۇ ئاخشىمى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمەت قوراللىق ئەسكىرى خەلق ئاممىسىنى قاتتىق تۇرۇشقان. نامايىشچىلار خىتايلارنىڭ دەرھال شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان، ئوتتۇرىدا چىققان توقۇنۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى چىقىم بولغان.

يىگىرمە بەشىنچى كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەربى كومىتېتى ۋە سىياسى كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك كومىتېتلىرىغا، لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچى ھەربى تۇمانلىق شتابلىرىغا تەلىمات بېرىپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى تەشكىللىك ۋە قوراللىق قوزغىلاڭلارنى ئۈزۈل-كېسىل ھەم دەرھال باستۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايدىن بۆلۈشنى مەخسەت قىلغان بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى ئېغىر شەكىلدە جازالاش ھەمدە چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر تەرغىپ قىلغان بۇ خىل يەرلىك تەشكىلاتنى قەتئىي شەكىلدە باستۇرۇشنى جىددى تەلەپ قىلغان.

بۇ جىددى بۇيرۇققا بىنائەن، لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچى ھەربى تۇمانلىق شتابلىرى دەرھال، ئوتتۇز ئۈچ ۋە قىرىق بىرىنچى دىۋىزىيە (بىر دىۋىزىيە يىگىرمە مىڭ كىشىلىك) سىنى تەييارلىققا ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈريول ۋە ھاۋا يولى ئارقىلىق غۇلجىغا يۆتكەشنى بۇيرۇق قىلغان. يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى پۈتۈن قوزغىلاڭچىلار رايوندا ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈلگەن.

ماقالىلارنى ئىنگلىزچىدىن مەھەممەت كۆكيار تەرجىمە قىلغان

# قەشقەر رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى

(سەئۇدى ئەرەبىستان ئوتتۇرا شەرق گېزىتى 12- مارت خەۋىرى)

خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە 24 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىپ 56 كىشى يارىدار بولدى.

بېيجىن، ئا. ف. ب خىتاينىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى "جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭدا تۈنۈگۈن كەچ قاتتىق يەر تەۋرەپ شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە يىگىرمە تۆرت ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە ئەللىك ئالتە ئادەم يارىدار بولغانلىقى" نى خەۋەر قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە "قەشقەر شەھىرىنىڭ يۈز يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقىغا جايلاشقان بويىزىدا، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىشخانىسىنىڭ مەلۇماتىدا 6.4 بال يەر تەۋرىگەن."

ئۇ يەنە "باشقا رايونلاردا بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە قانچە كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى" سۆزلىگەن. شۇ رايوندىكى يەر تەۋرەش ئىشخانىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى چوڭ شەھەر ئۈرۈمچىدىن ئىچىلغان تېلېفونغا جاۋاپ بەرگەندە "بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش شۇ يەرنىڭ ۋاقتى سائەت يىگىرمە ئۈچتە يۈز بەرسىپ، يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولغانلىقى" نى ئىنكاس قىلدى. شۇڭنىڭدەك "شىنجاڭنىڭ غەربىي - قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان چېگرىلىرىدا ئورۇن ئۆيلەرنى ھالاك قىلغانلىقى" نى خەۋەر قىلدى. بېيجىندا تۇرۇشلۇق يەر تەۋرەش ئىشخانىسى "قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىنىڭ يەر تەۋرەش تەسىرى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان رايونلارغا تەكشۈرۈشكە يولغا چىقتانلىقى" نى ئېيتتى. خىتاي خەۋەر ئاگېنتلىقى "بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن بەزى شەھەرلەرنىڭ تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى"، "شىنجاڭنىڭ شىمالى قىسمى موڭغۇلىيە چېگراسى يېنىدىكى سەھرادا ئون ئۈچىنچى مارت كۈنى 14 بال يەر تەۋرەپ ھېچقانداق خەتەر يۈز بەرمىگەنلىكى"، "ئۈچىنچى نۆۋال كۈنى يۈنەن ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونىدا 7 بال يەر تەۋرەپ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى" نى خەۋەر قىلدى.

« مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر
بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنى شۇلارنىڭ
زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم.
تەڭرى ئۇلارنى "تۈرك" دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە
ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەر
دىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى
شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقازدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا
باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى. »

ماھمۇت قەشقەرى

## شەرقىي تۈركىستاندا يەنە دەھشەتلىك تۇتقۇن باشلاندى

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ يۈز كۈنلۈك تازىلاش ھەرىكىتى باشلىغان خىتاي دىكتاتۇرا ئورگانلىرى چىن بۆلگۈنچىلەردە ئەتكەسچى، ھىرويىنچى، شەھۋانىي يەرئاستى كىلوبلارنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزۈندىن پىلانلىغان مىللىي بۆلگۈنچى، پانتۈركىست، پانئىسلامىست نامى ئاستىدىكى سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى ۋە ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئاشكارىلانغان ئىككى مىڭغا يېقىن ئەزاسى قولغا ئېلىنغان. بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئون بەش مىڭغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ تۇتۇلغانلىقى، رايون ۋە ۋاقىت خاراكتېرلىق ھەربىي ھالەتلەرنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقانلىقى، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى تاشيوللىرى قاتتىق تەپتىش قىلىنىۋاتقانلىقى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا مەخپىي ساقچىلارنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى. خىتاي ساقچىلىرى پەقەت قاراقاش ناھىيىسىدىلا يۈز ئون تۆرت كىشىنى تۇتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئۈرۈمچىگە تۇتۇلغان بالىسىنى ئىزلەپ كەلگەن بىر كىشى: «ئوغلۇمنى كېچىدە ئىككى ماشىنا ۋە ئۈچ موتوسىكلىتتا يىگىرمىدەك خىتاي ساقچىسى كېلىپ تۇتۇپ كەتتى، سورىغانلارغا ئوغلۇم سودىگەرچىلىككە كەتتى ـ دەيسەن دېدى» دەپ ئەھۋال ئىنكاس قىلدى.

تۇتۇلغانلارنىڭ ھېچبىرىگە قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرىلمىگەن ۋە تۇتۇش بۇيرۇقى تەغزى تاپشۇرۇلمىغان.

## ئاقسۇ رايونىدىكى قارشىلىق داۋاملاشماقتا

بۇيىل بەشىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۇچار، توقسۇ، كەلپىن ناھىيىلىرىدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پىدائىي ياشلارنىڭ زامانىۋى قۇراللار بىلەن قوراللىنىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۈچتۇرپاندىكى چېگارا بويىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ قورشاش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. ئۈچتۇرپان بىلەن كەلپىننىڭ ئارىسىدىكى ئاتيار يېزىسى ئەتراپىدا خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن تۇقۇنۇشقان بىر گۇرۇپپا پىدائىي ياشلار پىلىموت ۋە مىلتىقلار بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ، خىتايلارنىڭ يولىنى توسۇپ باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلغان.

ئىككى كۈن داۋام قىلغان شىددەتلىك ئېتىشىشتىن كېيىن بىنا ئىچىدە قورشىلىپ قالغان پىدائىلار دۈشمەننىڭ يۈزلەرچە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن. خىتاي ئەسكەرلىرى بىناغا قارىتىپ زەمبىرەك ئېتىپ ئىككى پىدائىي ياشنى شېھىد قىلغان. بىر نەچچىسى ئېغىر يارىدار بولۇپ خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشكەن. ئەسىر چۈشكەن بىر پىدائىي ياش خىتايلارنىڭ سورىقىغا «ئەگەر بىز ئاۋغانىستان، بوسنا، چېچەنلەردەك شارائىتلارغا ئىگە بولساق، بىر ئاي ئىچىدە مەخسىدىمىزگە يېتەتتۇق» ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

تارقاقلاشقان باشقا گۇرۇپپىلار بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق ئۇرۇشلار بۈگۈنگىچە داۋام قىلماقتا.

# قىساسچىلار تەسادىپ قولغا چۈشۈپ قالدى

بۇيىل بەشىنچى ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى ئىشتىپاق تىياتىرىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىدا يېتىپ جايلاردىن كېلىدىغان سەپداشلىرىنى كۈتۈۋاتقان تۆرت نەپەر قىساسچى تەشكىلات ئەزالىرى مېھمانخانىدىن ئايرىلىش پەيتىدە ئۈچ سومكىغا قاچىلانغان قورال، ئوق ۋە پارتلاتقۇچ بومبىلار بىلەن بىللە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئاقسۇ رايونىدىن كەلگەن بۇ ياشلار ئۈرۈمچىدە چوڭ كۆلەمدە پارتلىتىش ۋەقەسىگە ھازىرلانغان بولۇپ، قوراللار قاچىلانغان سومكىلارنىڭ ئۈستىنى ياتاقتىكى كىرلىكلەر بىلەن ياپقان. مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى ئۇلارنىڭ كىرلىكلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزۇتۇپ قوراللارنى كۆرۈپ قالغان ۋە خىتاي ساقچىلىرىغا مەلۇمات بەرگەن. قىساسچى ياش-لارنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قورقۇنچلۇق پارتلىتىش سۈيقەستىگە ھازىرلانغانلىقىنى يۇ-قۇرىغا دوكلات قىلغان خىتاي ساقچىلىرى قورال مەنبەلىرىنى جىددىي سۈرۈشتۈرمەكتە.

## قاتىل ۋە جەسەت

1996-يىلى 5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى ئازاتلىق يولىدىكى ئوتكۈزۈك ئەتراپىدا كۆرە كەلگەن بىر مىنىبۇس شوفېرى يەتتە ياشلىق بىر ئۇيغۇر بالىسىنى باشىنىسىدا دەسسىۋەتكەن ۋە ئارقىدىنلا يەنە بىر قېتىم دەسسەپ قاچماقچى بولغاندا كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. نەق مەيدانغا كەلگەن خىتاي ساقچىلىرى ھېچ ئىشنى سۈرۈشتۈر-مەيلا خىتاي شوفېرنى قوتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا خەلق تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ساقچىلار جىددىي خەۋەر بېرىپ ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ قانۇنسىز سۈرۈشتە قىلغان بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلىرىدىن ئون ئىككىسىنى تۇتۇپ كەتكەن. قاتىل خىتاينى قوتۇلدۇرۇش يولىدىكى بۇ ھەربى ھالەت تۇتقۇندا ئارىسىدا بالىنىڭ جەسىدى كوچىدا ئىگە-چاقىسىز قالغان.

## ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى پىچاقلاندى

1996-يىلى 5-ئاينىڭ 12-كۈنى يەكشەنبە سەھەردە ئوغلى بىلەن بىللە بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقان ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ كوچىغا تاشلاپ قويۇلدى. ئوغلىمۇ ئېغىر يارىلاندى. ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي ئىشتىۋارى بىلەن تەشتەردىكى بىر دوختۇرخانىدا ئولۇمدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ھارۇنخان ئىلگىرىمۇ يوشۇرۇن كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، چىن-لارنىڭ ئاتالمىش دىنى تەشكىلاتلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ۋە خەلق تەرىپىدىن دىن ۋە مىللىي مەنپەئەتلەرنى ساتقىنى سۈپىتىدە ئەيىپلەنمەكتە. ئۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇزۇلماي ئۆلدى.

## قىساسكار قاساپ

بۇيىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى تەشتەر شەھەر كىرە مىباغ بازىرىدا قاساپچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى ھۆكۈمەت بازار باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەركۈنى پارىخورلۇق بىلەن بوزەك قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي، بىرپۈتۈن قوي گۆشىنى گەپ قىلمايلا كۆتۈرۈپ ماڭغان ھەمدە يالۋۇرسا ھاقارەت قىلغان بازار باشقۇرۇش خادىمى ئەركىننى كانار ئالدىدىلا پىچاق بىلەن بوغۇز-لاپ ئۆلتۈرىۋەتتى. ھۆكۈمەت زوراۋانلىقىغا قانلىق قىساس ئارقىلىق قارشى چىققان قاس-ساپ خىتاي قانۇن ئورگانلىرى ئالدىدا ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىپ كەسپداشلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

# شەرقىي تۈركىستان داۋاسى
# بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن — خابىتات ئىككىنچى ئىشتىملىق تۈزۈلتىيىغا ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلىرى قانۇنىي ۋە تەشكىلىي يوسۇندا رەسمىي قاتناشتى.

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە تۈزۈلگەن نامەۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سېكرېتارلىقى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن خابىتات تەشكىلاتى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، مۇھىت، ئېكولوگىيە، شەھەرلىشىش، ماكانلىشىش، ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىشتىملىق بۈيۈك يىغىلىشى بۇ يىل ئۈچىنچى ئىيۇندىن ئون تۆتىنچى ئىيۇنغىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. ئالتە مىليارد دۇنيا خەلقىنىڭ ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق، يۈز ئەللىك دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللىرى بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇرغۇن دۆلەتلەر پىرېزىدېنت، باش مىنىستىر، مىنىستىرلار باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆز مەملىكەتلىرىنى ئىپادە ئەتتى. ب د ت نىڭ باش كاتىپى، مەسئۇللىرى ۋە مەشھۇر دۇنيا مۇخبىرلىرى نەق مەيداندا تەييار بولدى. ئىستانبۇلنىڭ دېڭىز بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك رايونى ب د ت غا ئون بەش كۈنلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ۋە ب د ت ساقچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەقىل رايون سۈپىتىدە باشقۇرۇلدى. ئون بەش كۈن ئىچىدە بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق پائالىيەتلەر دۇنيادىكى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيونلاردا نەق مەيداندىن ئۈزلۈكسىز خەۋەر قىلىندى.

## ب د ت خابىتاتقا رەسمىي ئەزا بولۇش

بۇ يىل مارت ئېيىدا ب د ت تەرىپىدىن ئەنگىلىزچە ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان خابىتاتقا ئەزا تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى پىروگرامما كىتابى دۇنياغا تارقىتىلدى. ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ پائالىيىتى جەمئىيەت نامىدا بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى. خابىتات تەرتىپ كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا تەكلىپ ئىۋەتتى. كۆچمەنلەر جەمئىيىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن رەسمىيەت ئۆتتى. ئىستانبۇل بۈيۈك شەھەر باشلىقى ياپچانلىق ۋە زېپسى بىلەن رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي پائالىيەتلەر بىز ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. قىرىق يىلدىن بېرى كۈتۈۋاتقان بۇ ئارزۇسىغا يەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار خۇشاللىقىدىن جىددىي تەييارلىقلىرىنى باشلىۋەتتى. مىڭلارچە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار ياسالدى. دۇنيا تىللىرىدا لوزۇنكا — پىلاكاتلار ھازىرلاندى. كۆك بايراقلىق ئىزناك، شاپكا، خالتىرە، دەپتىرى، ئاچقۇچ ئاستۇچ، ماشىنا بايرىقى تەييارلاندى. ئەنگىلىز ۋە تۈرك تىللىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملىك كىتابچە باستۇرۇلدى. كۆرگەزمە ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى توپلاندى. سەنئەت ئۆمىكىگە ئاتاغلىق ناخشىچىلار تەكلىپ قىلىندى. ھەمشەھەرلەرنىڭ مىللىيارد لىراغا يېقىن پۇل توپلاپ جەمئىيەتكە ئىئانە قىلدى.

## خىتاي بىلەن روسىيە ئىمزالىغان 13 ماددىلىق شەرتنامە

(بېيجىڭ تېلېگراممىسى - سىنگاپور بىرلەشمە ساباھ گېزىتى خەۋىرى)

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چيەن چىچېن بىلەن روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پرىماكوپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋاكالىتەن تۈۋەندىكى ئون ئۈچ ماددىلىق شەرتنامىنى ئىمزالىدى:

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى مەخپىي تېلېفون ئېچىش لىنىيىسى ئورنىتىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى بىلىم پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش، ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى كائىنات بوشلۇقىدا تىنچلىق ئۈچۈن ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يادرو ئېنېرگىيىسىدە تىنچلىق ئۈچۈن ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىشتا ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى چەتئەل پىرسوۋتى مەنبەسىدە بىرلىكتە ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى شىگىكەي كۆلى تەبىئىي قوغداش رايونىدا ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يولسىزلىق رىقابەتتە ۋە مونوپولىيىگە قارشى ھەركەتلەردە ھەمكارلىق ئالماشتۇرۇش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى بۇ يىللىق ئىختىسادىي سودىدا ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچەملىرى ھەققىدە ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى زەھەرلىك بۇيۇم ۋە دورىلارنى قانۇنسىز يۆتكەش ھەمدە قالايمىقان ئىشلىتىشنى توختۇتۇش ھەققىدە ھەمكارلىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى تەنتەربىيە، ساياھەت كومىتېتلىرىدا ھەمكالىشىش.

خىتاي - روسىيە ھۆكۈمەتلىرى يادرو قۇراللىرى بىخەتەرلىك ساھەسىدە ھەمكارلىشىش.

## خىتاي - روسىيە قورال سودىسى

سىنگاپۇر بىرلەشمە ساباھ گېزىتىنىڭ ياپونىيە چەنجىڭ خەۋەر ئاگېنتلىقىغا ئاساسلىنىپ بەرگەن خەۋىرى:

يېقىندا ھەمرا بولۇپ خىتايغا زىيارەت قىلغان روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى: «خىتاي ۋە روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھەمكارلىقىمىز، بۇرۇن ئىمزالانغان خىتاينىڭ روسىيەدىن يەتمىش ئىككى دانە "سۇ - يېگىرمە يەتتە" ماركىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان سېتىۋېلىش (بۇنىڭ يېگىرمە ئىككىسى ئاللىقاچان تاپشۇرۇلغان) كېلىشىمىدىن باشقا، يېقىندىن توختاملاشقان خىتاينىڭ روسىيەدىن سۇ ئاستى ھەربىي پاراخوتلىرى، راكېتادىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىلىرى ۋە ئەڭ يېڭى تېپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار سېتىۋېلىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» - دېدى.






Taksim alanında İstanbul B.şehir Belediyesinin katkıları ile düzenlenen muhteşem Konserden görüntüler. 8.6.1996

# DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

صوت تركستان الشرقية

Voice of Eastern Turkistan




DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINI
3 AYLIK İLMÎ VE KÜLTÜREL DERGİ

YIL : 13 SAYI : 48
1996